ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى

维吾尔古典音乐

# قۇمۇل مۇقاملىرى

# 哈密木卡姆

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل
ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى تۈزدى
خەلق مۇزىكا نەشرىياتى نەشر قىلدى

新疆维吾尔自治区哈密地区文化处编
人民音乐出版社出版

# قومۇل مۇقاملىرى

# 哈密木卡姆

**哈密木卡姆**

新疆维吾尔自治区哈密地区文化处编

*

人民音乐出版社出版

（北京翠微路2号）

新华书店北京发行所经销

北京市美通印刷厂印刷

787×1092毫米 16开 752面乐谱及文字 4面插图 47印张

1994年8月北京第1版 1994年8月北京第1次印刷

印数：1—2,500册

ISBN 7-103-01218-0/J·1219 定价：200.00元

باش مۇھەررىر: قادىر ئابلىز
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: جاڭ گوچۋەن،

نوتىفا ئالغۇچىلار: جاڭ گوچۋەن، ئىسھاق سوپى ، ماچېڭشياڭ.
نوتىلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ۋاڭ بىڭلىيەن، جاڭ گوچۋەن.
نۇسرەت ۋاجىدىن.
تېكىستلەرنى رەتلىگۈچى ۋە بېكىتكۈچى: ئابلىز ئىسمائىل، قادىر ئابلىز
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاۋ گۇەنجۇڭ

主　编：哈德尔·阿不列孜

副主编：张国权

记　谱：张国权、伊沙·克索皮、马成翔

曲谱校订：王秉琏、张国权、努斯来提·瓦吉丁

歌词整理、校订：阿不列孜·司马义

哈德尔·阿不列孜

汉文翻译：郝关中

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# ئومۇمى مۇندەرىجە

كىرىش سۆز (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) 1
نوتىلار 19
بەلگىلەرگە ئىزھات (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) 268
ئۇيغۇرچە ناخشا تېكىستلىرى. 275
خەنزۇچە ناخشا تېكىستلىرى. 523
قۇمۇل مۇقامچىلىرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش
(ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) 730
ئاخىرقى سۆز (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) 734

# 总　目　录


序言（维文、汉文） *1*

曲谱 *19*

符号说明（维文、汉文） *268*

维文歌词 *275*

汉文歌词 *523*

民间艺人简介（维文、汉文） *730*

后记（维文、汉文） *734*



哈密麦西莱甫（油画）
（克里木·纳斯尔丁作）

قۇمۇل مەشرىپى (ماي بوياق)
(ئابدۇكېرىم نەسىردىن سىزغان)



哈密民间“青苗麦西莱甫”

（阿不都西库尔作）

قۇمۇل خەلق ” كۆك مەشرىپى “

( ئابدۇشۇكۇر سىزغان )



”قۇمۇل مۇقاملىرى“ نىڭ ناخشا تېكىستلىرىنى رەتلىگەن، تەرجىمە قىلغان ۋە مۇزىكىسىنى نوتىغا ئالغانلار سولدىن: قادىر ئابلىز، ئابلىز ئىسمائىل، ۋاڭ بىڭلىيەن، خاۋ گۇەنجۇڭ، ماچېڭشياڭ، جاڭ گوچۈەن.

《哈密木卡姆》歌词整理、翻译和记谱人员
左起：哈德尔・阿不列孜、阿不列孜・司马义、王秉琏、郝关中、马成翔、张国权。



”قۇمۇل مۇقاملىرى“نىڭ ئارگىنالىنى مۇزاكىرە قىلماقتا.

讨论《哈密木卡姆》书稿



”قۇمۇل مۇقاملىرى“ نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ناخشا تېكىستلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتمەكتە.

校订《哈密木卡姆》维、汉文歌词



1990-يىلى ”قۇمۇل مۇقاملىرى“نىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتناشقان خادىملار خىزمەت ئۈستىدە.

1990 年，参加校订《哈密木卡姆》维文歌词的人员在工作中



1982-يىلى قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئۈنئالغۇ-
لىنىشىغا ئېلىشقا قاتناشقان خەلق ئەلنەغ-
مىچىلىرى ۋە خىزمەتچىلەر.
参加1982年哈密木卡姆录音工作
的民间艺人和采录人员

خەلق ئەلنەغمىچىلىرى قۇمۇل مۇقاملى-
رىنى ئورۇنلىماقتا.
民间艺人演唱哈密木卡姆





قۇمۇل مۇقاملىرى سەھنىدە.
哈密木卡姆在舞台上

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# كىرىش سۆز

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

1

ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسى ھازىرقى شىنجاڭ زېمىنىنىڭ (جۇملىدىن، ئۇنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى قۇمۇل دىيارىنىڭ) ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، بۇ زېمىندە ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر قەدەر بالدۇر باشلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بولۇپمۇ، چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) دىن شەرقىي رىم ۋە يېقىن شەرققىچە سوزۇلغان قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ مۇشۇ زېمىندىن ئۆتكەنلىكى ۋە تۆت بۈيۈك مەدەنىيەت (يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىند، يۇنان ۋە مىسوپوتامىيە مەدەنىيەتلىرى)، ئۈچ بۈيۈك دىن (بۇددا، خىرىستان، ئىسلام دىنلىرى)، ئۈچ بۈيۈك تىل (ئالتاي-ئورال، ھىند-ياۋرۇپا ۋە خەنزۇ-شىزاڭ تىللىرى) سىستېمىسىنىڭ مۇشۇ يەردە بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر-بىرىگە ئۆتۈشكەنلىكى نەتىجىسىدە، بۇ زېمىن دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىنكاسى بولغان مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ راۋاج تېپىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق سەۋىيىگە ئېرىشكەنىدى. ئەنە شۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ پارلاق نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى ئەجداتلىرىمىز تەرىپىدىن

يارىتىلغان باي ۋە جىلۋىدار مۇزىكا مەدەنىيىتىدۇر.

تارىخىي ماتېرىياللار شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇكى، مىلادى 1-ئەسىردىن بۇرۇنلا ھازىرقى شىنجاڭ زېمىنىدە سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، كۇسەن (كۇچا)، قوجۇ (تۇرپان)، ئىۋىر-غول (قۇمۇل) نەغمىسى دەپ ئاتالغان مۇزىكا سەنئىتى مەيدانغا كېلىپ، ھەتتا ئەتراپقا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردە بەرباب (پىپا) نىڭ ھازىرقى شىنجاڭدىن شەرقتە ئىچكى ئۆلكىلەرگە، غەربتە پارس ۋە ئەرەپلەرگە تارقالغانلىقى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان لى يەننىيەننىڭ ئۇيغۇر ئەجداتلىرى ئىشلىگەن «مۇقدۇر» نەغمىسى ئاساسىدا 28 كۈي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ھەربىي ئوركېستىرغا سەپلىگەنلىكى، مىلادى 6-ئەسىردە كۇسەنلىك مۇزىكا پىرى سۇجۇپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ كۇسەن نەغمىسىنى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنى كەڭ تارقاتقانلىقى، تاڭ دەۋرىدە ياشىغان گاۋ شى، سىڭ سىڭ، يۈەن جېن، بەي جۈيى، ۋاڭ جيەن، لى دۈەن قاتارلىق بىرمۇنچە شائىرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجداتلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ناخشا-ئۇسسۇللار ھەققىدە يازغان مەدھىيىلىرى بۇنىڭ دېلىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى شىنجاڭ زېمىنىنىڭ قەدىم زامانلاردىن تارتىپلا «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتالغانلىقى ھەرگىز تاسادىپىي ھال ئەمەس. دەرۋەقە، ناخشا-ئۇسسۇل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ۋە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئاتا مىراس ئەنئەنىسى بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغان بۇۋاق بۆشۈككە تېڭىلغان كۈندىن باشلاپلا ئانىسىنىڭ ئەللەي كۈيىنى ئاڭلاشقا باشلايدۇ، ئۇ تاكى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ناخشا-ئۇسسۇل دۇنياسى ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ شادى-خوراملىقمۇ ناخشا، غەم-قايغۇسىمۇ ناخشا، ئارزۇ-ئارمانىمۇ ناخشا، سۆيگۈ-مۇھەببىتىمۇ ناخشا، غەزەپ-نەپرىتىمۇ ناخشا بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، يەتتە ياشتىن

يەتمىش (ھەتتا سەكسەن-توقسان) ياشقىچە بولغان ئۇيغۇرنىڭ ناخشا ئېيتالمايدىغىنى، ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغىنى بولمايدۇ. بۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دېيىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەلنەغمىسى تۈپ ماھىيىتىدىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادى. ھەتتا شۇنداق ھاللار بولىدىكى، مەلۇم ناخشا كۈي ياكى تېكىستلەرنى ئىجاد قىلغان خەلق قوشاقچىلىرى بىلەن بەستىكار (كومپوزىتور) لارنىڭ نامىلىرىمۇ مەلۇم زاماندىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلق ئىجادىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇ نۇقتىدىن نىسپى قىلىپ ئېيتقاندا، ئات-جۇنى مەلۇم بولغان قوشاقچى، بەستىكار ۋە رەققاسلارنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىغا تامچە-تامچە بولۇپ قوشۇلۇپ پۈتۈن بىر ئۇيغۇر ئەلنەغمىسى دېڭىزىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن.

مىلادى 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مۇزىكا پىرلىرى قېدىرخان يەركەندى بىلەن مەلىكە ئاماننىساخان ئەنە شۇ بىپايان سەنئەت دېڭىزىغا خۇددى جاسارەتلىك غەۋۋاسلاردەك شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن بىباھا دۇررى-گۆھەرلەرنى تېرىپ چىقىپ، ئۇلارنى مۇزىكا ئىلمىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە رەتلەپ مۇئەييەن بىر سىستېمىغا سالدى ۋە ئۇلارنى يۇرۇشلەشكەن ئون ئىككى چوڭ بۆلەككە ئايرىپ ھەر بىرىنى بىر «مۇقام» دەپ ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى كىلاسسىك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى شەكىللەندى.

## 2

«مۇقام»-ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئورۇن، مەرتىۋە، دەرىجە؛ ئىككىنچىدىن، كۈي، ئاھاڭ ياكى ناخشا دىگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. مۇزىكا ئىلمىدە بۇ سۆزنىڭ ئەنە شۇ ئىككىنچى

مەنىسى ئىشلىتىلىپ، مۇئەييەن بىر سىستېمىغا چۈشۈرۈلگەن ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك نەغمىلەر «مۇقام» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇ، ئالدى بىلەن تىل ھادىسەسىدە ئىپادىلەندى. ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىدىكىگە ئوخشاشلا، مۇزىكا سەنئەتىدىمۇ ئەرەپ-پارس سۆزلىرى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىنىدىغان بولدى. ھەتتا كىشلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئەرەپچە قويۇلىدىغان ھالەتكە يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇستاز قېدىرخان يەركەندى بىلەن مەلىكە ئامانىساخانىنىڭ ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنى «مۇقام» دەپ ئاتىشى ۋە ھەر مۇقامغا ئەرەپچە ياكى پارسچە سۆزلەر بىلەن نام بېرىشى ھەيران قالارلىق ھادىسە ئەمەس. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، قېدىرخان يەركەندىدىن تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھەممە ناملىرى ئەرەپچە ياكى پارسچە دېيىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق تەتقىقاتى نەتىجىسىدە 12 مۇقام ناملىرىنىڭ ھەممىسىلا ئەرەپچە ياكى پارسچە ئەمەس، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن ئېلىنغانلىقى مۇئەييەنلەشتى. بۇ پاكىتلار ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە «مۇقام» دىگەن ئەرەپچە سۆزنىڭ كىرىپ قېلىشى ياكى مەلۇم بىر زامان ھەر بىر مۇقامغا ئەرەپچە ياكى پارسچە ناملار تامغىسىنىڭ بېسىلىپ قېلىشىغا قاراپلا «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇرلارغا ئەرەپلەر ياكى پارسلاردىن كەلگەن دىگەن گەپلەرنىڭ نەقەدەر ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دەرۋەقە بىر ئۇيغۇر ئۆزىگە ئەرەپچە ئىسىم قويۇپ، ھەتتا ئەرەپچە سۆزلەپ، ئەرەپچە كىيىنىپ ئالغان تەغدىردىمۇ ھەرگىز ئەرەپ بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ مىللىي پىسخىكىسى (مىجەز-خۇلقى)، ياشاش ئۇسۇلى، پىكىر قىلىش تەرزى بىلەن يەنىلا ئۇيغۇردۇر.

ھەممىدىن مۇھىمى قىدىرخان يەركەندى بىلەن مەلىكە ئاماننىساخان 12 مۇقامنى ئەرەپ-پارس زېمىنىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ مۇزىكا بايلىقىدىن ئەمەس، دەل ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان زېمىن—تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئەتىراپىدىن، يەركەن دەريا ۋادىسى، دولان يېزىلىرى، تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان ۋە قۇمۇل بوستانلىقى، قىسقىسى ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ زېمىندىن قىدىرىپ تاپتى ۋە ئۇيغۇر مىللىي پىسخىكىسى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ياشاش ۋە سۆزلەش تەرزى بويىچە رەتلەپ سىستېمىغا سالدى، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بۇ بايلىقنى تېپىشىغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، كۇسەن (كۇچار)، قوجۇ (تۇرپان)، ئىۋىرغول (قۇمۇل) نەغمىلىرى تارىخىي مەنبە بولدى. چۈنكى، ئۇلار رەتلىگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجداتلىرى ياراتقان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر.

## 3

ھازىرقى قۇمۇل مۇقاملىرىمۇ، قەدىمكى ئىۋىرغول نەغمىسىنىڭ داۋامى ۋە مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجىدۇر.

ئىۋىرغول، قۇمۇل دىيارىنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىلىك نامى بولۇپ، 11-ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىزاھلىنىشىچە، «ئىۋىر» ئۈزۈنچاق ياكى ئۇچلۇق دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىكەن. دەرۋەقە، قۇمۇلنىڭ شىمالىي قىسمىدىن باشلىنىپ، بوغاز ئەتراپىدا ئاياقلىشىدىغان غولغا نەزەر سالساق ئۇنىڭ ئۈزۈنچاق ياكى ئۇچلۇق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدىن «ئىۋىرغول» دېگەن نام كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. خەنزۇتىلىدىكى «يىۋۇ-

لۇ» دېگەن سۆز «ئىۋىرغول» نىڭ ترانسكرىپسىيەسى (ئاھاڭ ئىزاھى) بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادى 1-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى) دىن باشلاپلا يازما ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن.

ئىۋىرغولدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردىلا شەھەر بىنا بولۇشقا باشلاپ، دەسلەپ «كۇنمۇلى» دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈزۈلگەن «غەربىي دىيارنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر ناملىرى» دېگەن كىتاپتا ئىزاھلىنىشىچە ھازىرقى قارا دۆۋە (توغرىسى قارا تۆپە) دە دەسلەپ بىنا بولغان شەھەر «قارامىل» دەپ ئاتالغان. «قارامىل» — يىراقنى كۆزىتىدىغان تۆپىلىك دۆڭ ياكى ئېگىزلىك دېگەن مەنىلەردە ئىكەن. 13-ئەسىردىن باشلاپ «قارامىل» سۆزى «قامىل» دەپ، كېيىنچە «قامۇل» ۋە ئاخىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىسى بويىچە «قۇمۇل» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغان. خەنزۇتىلىدىكى «خامى» (哈密) دېگەن سۆزمۇ ئەنە شۇ «قارامىل» (哈勒密勒) نىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى ئىكەن.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىۋىرغول نەغمىسى سۇي تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى، يەنى مىلادى 6-، 7-ئەسىرلەردىن باشلاپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشقا ۋە كۇسەن نەغمىسى بىلەن بىر قاتاردا خان ئوردىلىرىدىن تارتىپ جامائەت سورۇنلىرىدا قىزغىن ئالقىش ۋە چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا باشلىغان. بولۇپمۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 6-، 7-ئەسىرلەر) شەرقتە چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن)، غەربتە ئەرەپ خەلىپىلىرىنىڭ پايتەختى باغدات دۇنيانىڭ ئىككى چوڭ مەدەنىيەت-سەنئەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى. خان ۋە خەلىپىلەرنىڭ موھتەشەم (ھەشەمەتلىك) ساراي-ئوردىلىرىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئاتاقلىق مۇغەننى (نەغمە ۋە ناخشا ئۇستىلىرى) ھەم رەققاسلار (ئۇسسۇل ماھىرلىرى) بەس-بەستە ماھارەت كۆرسەتتى. يازما



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com